سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# سانائەت دۆلىتى نىشانىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەش

## يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

1953 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئەنشەن پولات - تۆمۈر شىركىتى ئۇلاقسىز پولات تۇرۇبا زاۋۇتىنىڭ گۈدۈكى چېلىنىشى بىلەن، دۆلىتىمىزدىكى بىرىنچى ئۇلاقسىز پولات تۇرۇبا پىروكاتلىنىپ چىقتى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت دۆلىتىگە قاراپ ئۆزگىرىش يولىدا پۇختا بىر قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، بۇ تۈردىكى سانائەت مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى. 1952 - يىلى خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، زامانىۋى سانائەتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى نىسبىتى ئاران 26.6%، ئېغىر سانائەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى نىسبىتى ئاران 35.5% ئىدى. يېڭى جۇڭگونىڭ 1 - بەش يىللىق (1953 - 1957) پىلانى دەل ئېغىر سانائەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانائەتلىشىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

1954 - يىلى، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ «1 - بەش يىل» مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلىپ قۇرۇپ بېرىدىغان 156 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى ئاخىر بېكىتتى، بۇ، پولات - تۆمۈر، رەڭلىك مېتاللورگىيە، كۆمۈر كان، نېفىت، نېفىت ئايرىش، ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار، ئاپتوموبىل، تىراكتور ياسىمىچىلىقى، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلدۇ. 1955 - يىلى 7 - ئايدا، 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا «خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى 1 - بەش يىللىق پىلان» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. بەش يىل ئىچىدە، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن سېلىنما ئومۇمىي سوممىسى 76 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا 700 مىليون سەردىن ئاشىدۇ، بۇنداق زور سوممىلىق قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنى كونا جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلىرى تەقلىيەلمەيدۇ.

«1 - بەش يىل»لىق پىلان ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدى. يېڭى جۇڭگونىڭ سانائەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان نۇرغۇن سانائەت مەھسۇلاتلىرى ياسىلىپ چىقتى: 1954 - يىلى 7 - ئايدا، «جۇجياۋ 5» ئايروپىلانىنىڭ سىناق ئۇچۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى جۇڭگو ئاۋىياتسىيە سانائىتىنىڭ رېمونت قىلىش باسقۇچىدىن ياساش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى؛ 1956 - يىلى 7 - ئايدا، يۈك كۆتۈرۈش مىقدارى تۆت توننا بولغان جېيفاڭ ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى سىناق قىلىپ ياساشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى مۇستەقىل ئىگىلەشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى؛ 1956 - يىلى 9 - ئايدا، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان B2−34 ئوتتۇرا تىپلىق تانكا موتورى دۇنياغا كېلىپ، جۇڭگونىڭ تانكا موتورى ياسىيالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى …

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «1 - بەش يىل»لىق پىلانىنىڭ ھەر تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نورمىدىن ئاشۇرۇپ تاماملاندى. كونا جۇڭگودا يوق زور بىر تۈركۈم زامانىۋى سانائەت تايانچ تارماقلىرى قۇرۇلدى، دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى، سانائەت ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى نامۇۋاپىق ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# قاتناش بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈنجى مۇزىكىلىق تاشيول ھېسابلىنىدۇ، تاشيول ئەتراپىدا يەنە ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، پويىز ۋاگونى مېھمانخانىسى، ئاممىۋى ھاجەتخانا قاتارلىق ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بار. مۇزىكىلىق تاشيولدا قاتناش باشلىنىشى بىلەنلا «توردا ئالقىشلانغان يول» بولۇپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىستېرېئولۇق قاتناش تورى بەرپا قىلىپ، «قاتناش+ساياھەت»نىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «قاتناش+ساياھەت» يۇغۇرما تەرەققىياتى ئالتە چوڭ قۇرۇلۇشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئادەتتىكى دۆلەت، ئۆلكە غول لىنىيەسى مۇلازىمەت رايونلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش، نۇقتىلىق ھالدا G217 لىنىيەسى مايتاغ - كۇچا سەرخىل ساياھەت تاشيولى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا كۆچمە چىقىم قىلىشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى G217 لىنىيەسى مايتاغ - كۇچا بۆلىكىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن بۇيان، مايتاغ - كۇچا تاشيولى تېخىمۇ راۋانلىشىپلا قالماي، يەنە ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھىتىگە تېخىمۇ ماس كەلگەچكە، بۇ يول بۆلىكىدە قاتنايدىغان ئاپتوموبىللار كۈنسېرى كۆپىيىپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭغا يەتكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لى جىنۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ خىزمەت مۇھىم مەركىزى «قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىش»تىن «قۇرۇلۇش بىلەن مۇلازىمەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش»كە بۇرۇلۇپ، يول تورى قۇرۇلۇشى، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ETC (ئاپتوموبىل توختاتماي ئېلېكترونلۇق ھەق ئېلىش سىستېمىسى) نى قوللىنىش، تاشيول مۇلازىمەت رايونلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قاتناش بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ.

خەلق ئاۋىياتسىيەسى جەھەتتە، ھەرقايسى چوڭ ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى كۆپ تۈرلۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنى ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى. ھەرقايسى چوڭ ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى بىر تەرەپتىن، ئايروپىلان كىرگۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ رايونىدىكى توشۇش كۈچىنى زورايتتى؛ بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ ئىچىدە ئايلىنىپ ئۇچۇش، چاتما ئۇچۇش ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت شەھەرلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا كۈچ قوشتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى 16 مىليون 286 مىڭ 100 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.2% ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، پويىز گەۋدىسى يېڭىلىنىپ، پويىزنىڭ يۇمشاق، قاتتىق دېتاللىرىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەچكە، پويىزغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىشنىڭ ئازادىلىك دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆستى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا توشۇلغان ساياھەتچى 29 مىليون 780 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

«قاتناش+ساياھەت»نىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدە جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 75 مىليون 893 مىڭ 500 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46%ئاشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

### ■ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا «قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش»قا جۈرئەت قىلىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى چۆرىدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتىكى ئەڭ جىددىي، ئەڭ رېئال مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتتى، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

جۈمەكنى ئاچقاندا، سۈپسۈزۈك تۇرۇبا سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ چۈشتى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تاغارما يېزىسى بەغاۋۇل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سۈرەدچى كۈلفۇشنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى، «ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ يەردە سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، ھازىر پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئۆيلەرگە تۇتاشتۇرۇلدى، يۇرتداشلار بەك خۇشال بولۇپ كەتتى!»

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى دىققەتنى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان 22 ئېغىر نامرات ناھىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا كۈچىدى. بۇ يىل 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ 116 تۈر قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 3 مىليارد 320 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 210 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. مۆلچەرلىنىشچە، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، 116 تۈر قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملىنىپ، 261 مىڭ 500 نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىنىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى يېزىلاردىكى 9355 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسىنى زىچ چۆرىدەپ، كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ھەرىكەتچان ئىگىلەپ، ئۆي سېلىشنى باشقۇرۇش، سۈپەتنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، خەتەرلىك ئۆيلەرنى باھالاش، ئارخىپ باشقۇرۇش، ئۇچۇر كىرگۈزۈش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تەربىيەلەشلەرنى سېجىل قانات يايدۇردى. ھازىرغا قەدەر، 2019 - يىللىق ئۆي سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن يېزىلاردىكى 9355 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى باھالاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇپ، بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەنبەدىن تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، سىياسەتنىڭ ئائىلىلەرگىچە، ئادەملەرگىچە دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ چوڭ ئۈنۈمنى جارى قىلدۇردى، بۇ يىل 606 مىڭ 100 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 976 كەنتنى چېكىندۇرۇپ چىقىش، 12 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇ.

### ■ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىدىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە ۋە ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى تۇتۇپ، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش ئاساس قىلىنغان تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا كۈچ قوشتى.

بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىپ، توكسىكلىتنى مىنىپ، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پاتىگۈل ھەبىبۇللا ئۆزى مەسئۇل بولغان خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىغا جايلاشقان شۈنفېڭ تېز توشۇش - يەتكۈزۈش نۇقتىسىغا باردى. بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى شىنجاڭ شۈنفېڭ تېز توشۇش چەكلىك شىركىتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرى رامكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پاتىگۈل شۈنفېڭ تېز توشۇشنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى.

«ئىلگىرى ئۆيۈمدە قازان بېشىنى، باللىرىمنى چۆرگىلەيتتىم، ھازىر ھەربىر كۈنۈم ئالدىراش ھەم مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ.» پاتىگۈلنىڭ ئىشەنچكە تولغان كۈلۈمسىرىشى ئەتراپتىكى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش - كۆزىتىشتە بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسى»نى تۈزدى ھەم شىنجاڭ شۈنفېڭ تېز توشۇش چەكلىك شىركىتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرى رامكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى. بۇ يىل 6 - ئايدىن ھازىرغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 132 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار مەۋقەنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى «باغچە رايونى باش ئىشتابى+نامراتلارنى يۆلەش سېخى» كەسپ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تارماقلىرى ئىستاتىستىكا قىلغان سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن 2016نى قۇرۇپ، 1995نى ئىشلىتىپ، 98 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس 47 مىڭ كىشى ئىكەن.

### ■ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ داۋالاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 9دا، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئايكۆل كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى چولپانخان نەتنىياز كەنت داۋالاش ئۆيىدە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ دورىسىنى ۋاقتىدا يېدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، دوختۇر يەنە بىر خالتا سۈت، ئىككى تۇخۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقسىز قۇۋۋەت ناشتىلىقىنى ئۇنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

بۇ يىل 6 - ئايدا، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشتە، چولپانخاندا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەل ئالامىتى بارلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئاۋات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى قايتا تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا ئېنىق دىياگنوز قويدى. چولپانخان «مەركەزلەشتۈرۈپ دورا ئىچكۈزۈش+قۇۋۋەت ناشتىلىقى» داۋالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

«ئاغرىقنىڭ دەسلەپكى تەشۋىشلىنىشىدىن ھازىرقى ئۆپكە تۇبېركۇليوزنى ئىلمىي تونۇشى، ئاكتىپ تەشەببۇسكار ھالدا ۋاقتىدا داۋالىنىشىغىچە، بۇنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ئاساسىي قاتلامغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردۇر» دېدى ئايباغ يېزىلىق شىپاخانىنىڭ دوختۇرى ئايجامال سەمەت.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشكە تايىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوزنى ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى جەزمەن تەكشۈرۈلىدىغان تۈر قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 15 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر توپىنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. بايقالغان يۇقۇملىنىش مەزگىلىدىكى ئاغرىقلارغا قارىتا مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالاشنى يولغا قويدى ھەم كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق بىلەن تەمىنلەپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالايدىغان ئاغرىقلارنىڭ يۈكىنى نۆل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ «مەركەزلەشتۈرۈپ دورا ئىچكۈزۈش+قۇۋۋەت ناشتىلىقى» خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام سەھىيە داۋالاش ئاپپاراتلىرى دورىنى قولىغا يەتكۈزۈشكە، قاراپ تۇرۇپ ئىچكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ قەرەللىك قايتا تەكشۈرتۈشى، داۋالاش ئۈنۈمىنى باھالىتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى؛ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا كالمېت ۋاكسىنىسى ئەملەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، بالىلاردا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى پەيدا بولۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى؛ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى تەكشۈرۈش تۈرىنى يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرىشتىكى سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دائىملىق سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىكى زۆرۈر تەكشۈرۈش مەزمۇنى قىلىپ، تارقىلىشنى توسۇپ، كېسەل پەيدا بولۇشنى ئازايتتى.

كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە نامرات تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ داۋالاش، قۇتقۇزۇپ ياردەم بېرىش، باشقۇرۇش، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى «ئۈچ بىر تۈركۈم» (چوڭ كېسەللەرنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش، سوزۇلما كېسەللەرگە كېلىشىم تۈزۈپ مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى باشقۇرۇش، ئېغىر كېسەللەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى كاپالەتلەندۈرۈش) قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

# پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۇجىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرىگە يازغان جاۋاب خېتىدە يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىگە قارىتا تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈمىد كۈتۈلۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالىي دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مائارىپى ۋە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى تولۇق نامايان قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق پەنلىرى ۋە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كەسىپلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ماسلىشىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى سۆيىدىغان يېڭىچە ئىختىساسلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، چوڭقۇر ئۆگىنىش، كەڭ تەشۋىق قىلىش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا خىزمىتى ئىشخانىلىرى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، يېزا خىزمىتى ئىشخانىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» ھاسىل بولۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەملىكەتلىك يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنت كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. 2020 - يىللىق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تېزدىن چۈشۈرۈپ، ئاشلىق زاپىسى بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدىغان، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىدىغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زاپاس ئاشلىقنى «ياخشى ساقلىيالايدىغان بولۇش، باشقۇرالايدىغان بولۇش، يۆتكىيەلەيدىغان بولۇش، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەپەككۇر يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يولغا قويۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ۋە «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»غا سېجىل تۈرتكە بولۇپ، يېزا - كەنتلەرنى تۈزەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە «ئاساسىي قاتلامدىكى يېزىلارنىڭ تىجارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)